# تالاقتىن كېيىن زۇلۇم قىلماسلىق كېرەك

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

پەزىلەتلىك شەيخ ھۈسەين ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئال شەيخ

تەرجىمە قىلغۇچى:  سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2010 - 1431

islamhouse.com

# ﴿ضوابط التعامل بعد الطلاق﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ حسين بن عبد العزيز آل شيخ

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2010 - 1431

islamhouse.com

# تالاقتىن كېيىن زۇلۇم قىلماسلىق كېرەك

2009-يىلى 03- ئاينىڭ 05- كۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىنىڭ ئىمامى جۈمە نامىزى ئۈچۈن ھازىر بولغان يۈز مىڭلىغان جامائەتكە سالام بېرىپ، ئاللاھنى ماختاپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللىغاندىن كېيىن " ئايالىلارنى تالاق قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى ئەمەس" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئەرلەرنىڭ تالاق قىلغاندىن كېيىنمۇ ئاياللارغا زۇلۇم قىلىشى يىرگىنىشلىك قىلمىش ۋە ناچار ئادەت بولۇپ، بۇ قىلمىشنى ئىسلام-ئەخلاق، ساغلام تەبىئەت ياقتۇرمايدۇ ۋە جۈملىدىن ئىسلام پرىنسىپى رەت قىلىدۇ . بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:«ئەگەر سىلەر ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە مېھر تەيىنلەپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلساڭلار، تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ يېرىمىنى بېرىڭلار، ئەمما ئاياللار ئۆتۈنسە (يەنى مەھرىدىن ۋاز كېچىپ پۈتۈنلەي ئالمىسا) ياكى نىكاھنىڭ تۈگۈنى ئۆز ئىلكىدە بولغان ئەرلەر ئۆتۈنسە (يەنى تەيىنلەنگەن مەھرىنىڭ ھەممىسىنى بەرسە)، شۇ بۇيىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم. سىلەر ئۆتۈنسەڭلار، (ئۆتۈنگەن ئادەم) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئۆز- ئارا ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار. الله ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر».

ئايەتنىڭ تەپسىرىدە: ئاياللارغا كۆيۈنۈش، مېھرى-شەپقەت قىلىش، ياخشىلىق ۋە ئېھسان قىلىشقا ۋە گۈزەل ئۇسلۇبتا مۇئامىلە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئىپادىلىنىدۇ.

ئاياللارنى تالاق قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئەرلەردىن سادىر بولىدىغان نۇرغۇن قىلىقلار بولۇپ، بۇ ئوپ-ئوچۇق زۇلۇمدۇر، ئاللاھ بۇنداق چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمدىن ئاگاھلاندۇرغان، باشقىلارغا ئازار-كۈلپەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەركەت قىلىش، جاپا-مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىق پەيدا قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇش ئاللاھنىڭ قانۇنىدا ھارام قىلىنغان ئىشلاردىندۇر .

« شەرئى پىرىنسىپنى قوللىنىشتا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشتىن چەكلەش » ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئاساسلىق پىقھى قائىدىلىرىدىن بولۇپ، تالاقتىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئەر-ئايال ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىگە زىيان يەتكۈزۈشى ياكى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتكە سەل قارىشى قاتارلىق ئىشلار چەكلەنگەن . ئىسلام ئىنساننىڭ بارلىق كىشىلەر بىلەن مۇئامىلىدە ئادىللىق قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداق بولغان ئىكەن ئىلگىرى ئەر-ئاياللىق ئالاقىسى بولغانلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسى بۇنىڭدىنمۇ ياخشى بولىشى كېرەك.

بولار ئىش بولدى، ئەمدى تالاقتىن كېيىن مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش ھەممىدىن مۇھىم. ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى تالاق قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئۇلارغا قىلغان بەزى زۇلۇملىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ئەر-ئاياللار، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىشى ئۈچۈن تالاقنى يولغا قويۇشىنىڭ ھىكمەت بىلەن بولغانلىقىنى بىلىشى، ئارىلىقتا قالغان ئەۋلادلارغا تىنچ-خاتىرجەم ئۆسۈپ-يېتىلىش مۇھىتى، قەلبىگە مېھرى-

مۇھەببەت، ئارامچىلىق ھازىرلاپ بېرىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى . ئەر-ئايال ئارىسىدا گەرچە تالاق قىلىنىش يۈزبەرگەن بولسىمۇ پەرزەنتلەرنى يارامىلىق تەربىيىلەش ئۈچۈن بولغان ئورتاق مەنپەئەت ئۈچۈن ھەمكارلىشىش، بىرىنىڭ خىزمىتىنى يەنە بىرىنىڭ تولۇقلىشى، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش، ئىختىلاپلارنى تۈگىتىش، پەرزەنتلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى بىخەتەرلىكى ۋە كېلىچەك ئىستىقبالىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا ئورتاق ئائىلىۋى سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بېرىشى كېرەك، چۈنكى ئەر-ئايالنىڭ چۈشەنچىسى بىربىرىگە مۇۋاپىق كېلىش ئاساسىدا پەرزەنتلەر ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدۇ . بۇ پەقەت ئىككى تەرەپنىڭ بىر-بىرىنى ئېھتىرام قىلىشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

تالاقتىن كېيىن شەكىللىنىدىغان زۇلۇمنىڭ شەكىللىرىدىن: ئەر-ئايال ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈشى، بىر-بىرىنى مەسخىرە قىلىشى، پەرزەنتلەرگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ئىززەت-ھۆرمىتىنى تۆكۈشى، بىر-بىرىنىڭ ئەڭ ناچار ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرگەنكى ئادەملەرگە سۆزلەپ يۈرۈشى قاتارلىقلاردۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار سەۋەبىدىن پەرزەنتلەرنىڭ قەلبى جاراھەتلىنىدۇ، كۆڭلى ئازابلىنىدۇ گەرچە ئۇلار بۇنى ئېغىزىدىن چىقارمىسىمۇ، بۇمۇ ئوپ-ئوچۇق زۇلۇمدۇر . بۇنىڭدىنمۇ ئېغىرراق بولغىنى، بەزى ئەرلەر پەرزەنتلەرنى ئۇرۇش-تىللاش، ھاقارەت قېلىش، تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن كۆڭلىگە ئازار بېرىش ئارقىلىق تالاق قىلىۋەتكەن ئايالدىن ئىنتىقام ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ . بۇ ھازىرقى ۋاقىتتا ئائىلىدىكى قوپال مۇئامىلە دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ شەرىئەت قانۇنىدىمۇ، ئەقلى ۋە ئۆرپ-ئادەتتىمۇ چەكلەنگەن ئىش بولۇپ، بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئاتىلاردىن

بىۋاستە ياكى ئۇلارنىڭ رۇخسىتى، سۈكۈت قىلىشى ۋە رازى بولىشى ئارقىلىق ئۆگەي ئانىلاردىن يۈز بەرسۇن ئوخشاشتۇر.

ئاللاھ ھەممەيلەننى بۇنداق قىلمىشتىن ساقلىسۇن.